# مەشرەپ

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

一千零一夜（5）　（维吾尔文）

尔西丁·塔特勒克
阿布里米提·肉孜　编译　伊敏吐尔逊校订

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.625印张　3插页
1984年9月第1版　1986年7月第1次印刷
印数：1 —— 40,500

统一书号：M10098·940　定价：1.20元

# أَلْفُ لَيْلَةٍ وَلَيْلَةٌ

## مىڭ بىر كېچە (5)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.625 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1984 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·940
تىراژى: 1—40 500
باھاسى: 1.20 يۈەن

# مۇندەرىجە


مەككىگە ماڭغان ھاجىنىڭ ھېكايىسى (431 — 432 - كېچىلەر) ... 1

ئوبۇلھەسەننىڭ كېنىزىكى (432 — 458 - كېچىلەر) ............ 8

«مەن ئەزرائىل» (458 - كېچە) ............................ 67

«بىزدە نىمە گۇنا؟!...» (458 — 459 - كېچىلەر) ............ 70

«كۆردە ماڭا كىم ھەمرا بولىدۇ؟!...» (459 — 460 - كېچىلەر) ... 74

«سەن قايسى خىلدىكى شاھلاردىن بولۇشنى ئىستەيسەن؟!» (460 - كېچە) ............................................ 76

نوشىرۋان ئادىل (460 — 461 - كېچىلەر) .................... 79

نومۇسىنى ساقلىغان ئايال (461 — 462 - كېچىلەر) .......... 81

تاۋاپتا (462 — 463 كېچىلەر) ................................ 88

دۇئاسى ئىجاۋەت قۇل (463 — 464 - كېچىلەر) ................ 92

دىيانەتلىك سوپى (464 — 466 - كېچىلەر) .................. 96

زىنداندىن يوقالغان كىشى (466 - كېچە) .................. 102

بەدىنى ئوتتا كۆيمەيدىغان كىشى (467 — 469 - كېچىلەر) ... 104

سايىۋەن بۇلۇتنى يوقاتقان كىشى (469 — 470 - كېچىلەر) .... 109

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ دەۋرىدە (470 — 472 - كېچىلەر) ... 115

ئىبراھىم ئىبنى خەۋۋاسنىڭ كۆرگىنى (473 — 474 - كېچىلەر) ... 122

«مەن ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردىم» (474 - كېچە) ...... 126

«ئۇنىڭ ئىشىنى سەن داۋاملاشتۇر!...» (475 - كېچە) ........ 129

ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلغان يىگىت (475 — كېچىلەر) ............................................ 131

«سېنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» (477 — 478 - كېچىلەر) ............ 142

**شاھى ماران (478 — 535 - كېچىلەر)** ........................ 144

بىلوقىيىنىڭ ھېكايىسى ........................ 150

جاھانشاھنىڭ ھېكايىسى ........................ 189

**دېڭىزچى سىندىباتنىڭ ھېكايىسى** (535 — 565 - كېچىلەر)...... 323

بىرىنچى قېتىملىق دېڭىزسەپىرى ........................ 328

ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 340

ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 350

تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 367

بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 387

ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى، ........................ 403

يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 416


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مەككىگە ماڭغان ھاجىنىڭ ھېكايىسى

بىر يىلى مەككىگە تاۋاپقا ماڭغان ھاجىلاردىن بىرى يول ئۈستىدىكى قونالغۇلاردىن بىرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ . سەپەر جە يانىدا بەك ھارغانلىقى ئۈچۈن ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا، كارۋانلار، ھاجىلار ۋە ھەمراھلىرى كېتىپ قالغان ئىكەن.

ئۇ ئۆزىنى ئۆزى كايىپ دەرھال يولغا چىقىپتۇ. ئۇ چالا ئۇيقۇلۇق كېتىپ بېرىپ، يەنە يولدىن ئازغىنىپتۇ. كۈن يانغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر چېدىر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ «تەۋەككۈل» دەپ، شۇ چېدىرغا قاراپ مېڭىپتۇ.

يېقىن بېرىپ قارىسا، چېدىرنىڭ ئىچىدە بىر موماي بىلەن بىر ئىت بار ئىكەن. ئۇ كىشى چېدىرغا كىرىپ مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى مومايىنىڭ جاۋاۋىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن غىزا سوراپتۇ.

موماي: «سەن بۇ سەھرانى كېزىپ يۈرۈپ، يىلان تۇتۇپ كەل! مەن شۇنى ساڭا كاۋاپ قىلىپ بېرەي!...» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا يەيدىغان باشقا نەرسىسى يوقكەن. ئۇ ئىلاجىسىز ماقۇل بوپتۇ. چۆلگە چىقىپ بىر نەچچە يىلاننى

قوغلاپ ئۆرۈپ يۈرۈپ، تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇ موماي ئۇنى ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلىپ، ھېلىقى كىشىگە بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئاچ قوساق ئىكەن، ئۇنى قويماي يەپتۇ. كاۋاپ ئۇنى ئۇسسىتىپتۇ. ئۇ مومايدىن سۇ سورىغان ئىكەن، موماي ئۇنى: «ئاۋۇ كۆرۈنگەن يەردە بۇلاق بار، ئىچىپ كەل!» دەپ يولغا سېپتۇ.

ئۇ كىشى بۇلاققا بېرىپ سۈيىنى ئىچكەن ئىكەن، ئۇنىڭ سۈيى تەمسىز ۋە شور بولۇپ، زەھەردەك ئاچچىق ئىكەن. باشقا چارە يوق، ئۇنىمۇ ئىچىپتۇ. ئۇ يەردىن يەنە مومايىنىڭ يېنىغا يېنىپ كېلىپ: «ئەي ئانا! سىز بۇ يەرگە قەيەردىن ۋە قاچان كەلگەن. بۇ ئاجايىپ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ يېتىپ، نېمە تاپىسىز؟!...» دەپ سوراپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

## تۆت يۈز ئوتتۇز بىرىنچى كېچە



ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىلىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

— ئۇ كىشى مومايغا: «ئەي ئانا! سىز بۇ يەرگە قەيەردىن ۋە قاچان كەلدىڭىز؟ بۇ ئاجايىپ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ يېتىپ، نېمە تاپىسىز؟! يا يەيدىغىنىڭىز، يا ئىچىدىغىنىڭىز يوق ئىكەن. بۇ ئەتراپتا تىرىكچىلىك نەرسىمۇ يوق ئىكەن. سىز بۇ تۇرمۇشقا قانداق چىدايسىز؟!» دەپ سوراپتۇ.

موماي ئۇنىڭدىن: «سىلەرنىڭ تۇرغان جايىڭلار قانداق؟ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغىنىڭلار نېمە؟ ئۇ يەر باياشاتمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى بۇ سوئالغا: «بىزنىڭ ‹شەھەر› دېيىلىدىغان قورغانغا ئوخشاش جايىمىز بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدا باغلىرىمىز بار.

ئۇنىڭدا ھەر خىل مەزىلىك مېۋىلەر بار. ئۇنىڭدىكى ئېرىقلاردا ھەسەلدەك تاتلىق سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. سېمىز قوي ۋە كالا گۆشى يەيمىز. بۇنداق يېمەكلىك جەننەتتىن باشقا يەردە تېپىلمايدۇ“ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

موماي بىر پەس بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. كېيىن يۇقۇرى قاراپ ھاجىدىن: «ئاشۇ يۇرتۇڭلاردا پادىشا دىگەن نەرسە بارمۇ؟!» دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى: «بار!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موماي يەنە: «شەھەرىڭلاردا قۇل، خوجا دىگەنلەر بارمۇ؟!» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «بار!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موماي ئۇ كىشىدىن يەنە: «قۇل كۆپمۇ ياكى خوجا كۆپمۇ؟!...» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «ئەلۋەتتە قۇل كۆپ!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

موماي: «قىلىچ، نەيزە، ئوق ـ يا، زىندان دىگەن نەرسىلەر بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «بار!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موماي: «ئۇنىڭ ئىگىسى كىم؟!» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «پادىشا!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موماي: «پادىشا بۇلارنى نىمىگە ۋە كىمگە ئىشلىتىدۇ؟!» دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «پادىشا بۇ نەرسىلەرنى ئەلگە ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرىدۇ؛ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ. ئەلنى بولسا ئىشقا سالىدۇ، قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە باشقا گۇنا قىلغانلارنى شۇ نەرسىلەر بىلەن باشقۇرىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلارنى جازالايدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ئادىلراقلىرى كىشىلەرنى ھىمايە قىلىپ، خەلققە زۇلۇم سالغان زالىملارنى جازالايدۇ. خوجىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن قۇللارنى ئەدەپلەيدۇ. خوجىسىدىن سېلىق ئالىدۇ. قۇلىدىن ئالمايدۇ. خوجىسىنىڭ قىز ـ ئاياللىرىغا يامان كۆزى بىلەن قارىغانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئاختا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قول ئۇزاتقانلارنىڭ قولىنى كېسىدۇ. كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈل

كىنى قوغدايدۇ. زالىمراقلىرى بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلىتىدۇ.» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مومای بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئېيتقان سۆزىڭگە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ قولىدا مال-دۇنيا قىغى بار ئىكەن. مال-دۇنيا بار يەردە ئادالەت بولمايدۇ. ئادالەت يوق يەردە ئەركىنلىك بولمايدۇ. قىلىچ، نەيزە، ئوق-يا بار يەردە، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. زىندان بار يەردە يورۇقلۇق بولمايدۇ. ئۇنداقتا سىلەرنىڭ يىگىنىڭلار قايغۇ-غەم، ئىچكىنىڭلار زەھەر، كىيگىنىڭلار كىپەن. ئۆي دىگىنىڭلار گۆر ياكى زىندان؛ بال دەپ ئىچكىنىڭلار كۆزىنىڭ يېشى، شۇنداق يەردە تۇرۇپ، ئۆلتۇرۇپ يىگەن قوي-كالا ئېتىدىن بۇ يەردىكى يىلاننىڭ گۆشى، شور بۇلاقنىڭ سۈيى ماڭا مىڭ ھەسسە ئەلا. مىۋە، نازۇ-نېمەت دىگىنىڭ مانا شۇ. بۇ يەردە پادىشاھمۇ يوق. خوجىمۇ يوق، قۇلمۇ يوق. قىلىچ، نەيزە، ئوق-يا، زىندان دىگىنىڭ زادىلا يوق. «ھۆر ھايات» دەپ مانا بۇنى ئېيتسا بولىدۇ. نىمىگە قۇربىڭ يەتسە شۇنى قىلىسەن. سەن بۇ دالىنىڭ ئىشى يىلان ئىكەن دىمە. بۇ يەردىكى تاغدا يەل يېمىش، جاڭگالدا خىلمۇ-خىل جان-جانىۋار بار. كۈچۈڭ يەتسە شۇلاردىن كۆڭلۈڭ خالىغاننى ئوۋلاپ يەيسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ھېچكىم جاۋاپكارلىققا تارتمايدۇ. مەن ئۇنداق دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن سارايلىرىغا زادىلا قىزىقمايمەن. ئەي ھاجى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ لەززەتلىك نېمەت بەدەننىڭ ساقلىقى، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى.» دەپتۇ.

مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھاجى: «ئەي ئانا! سىز پادىشا بار يەردە خەلققە، يۇرتقا ياخشىلىق يوق، دىدىڭىز، بۇ سۆز خۇداغا ئاسىلىق بولمامدۇ؟ مانا مەن خەتمۇ تونۇمايمەن، كىتاپمۇ ئوقۇيالمايمەن. ئەمما ھەج قىلىپ، ھاجى بولۇش ئۈچۈن

ھەممىگە كېتىپ بارىمەن. دىندارلار : پادىشالارنى خۇدايىتائالا
بەندىلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەۋەتىدۇ، دىگەن گەپ بار. قەدىمـ
قى زامانىدىمۇ پادىشالار بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ سىياـ
سەتتە كەڭ، پۇقراپەرۋەر ئىكەن. پۇقرالارمۇ ئۇ چاغدا ساددا
ئىكەن. شۇ سىياسەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۇلارغا بەك قاتتىق كۆـ
رۈنگەن ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا پادىشا ھەيۋەتلىك ۋە ئاد
دالەتسىز كۆرۈنگەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى پادىشالار قەدىمقى
پادىشالاردەك ئۇچۇق كۆڭۈل، كەڭ قول، كەمتەر ئەمەس. پۇقرالار-
مۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس. پادىشالاردىمۇ، پۇقرالاردىمۇ قۇۋلۇق ـ شۇمـ
لۇق كۆپ. بىر-بىرىنى ئالداشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاڭ-پىكرىمۇ
تەرەققى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامانغا ۋە ئۇنىڭ پۇقـ
رالىرىغا يارىشا پادىشا بولمىسا، ئاھالە ئىچىدە كۈچلۈكلەر كۈچـ
سىزلەرنى بوزەك قىلىدۇ، مەملىكەت خاراپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر-
بىرىگە قىلىدىغان زۇلمى ئاشقانسېرى خۇدايىتائالا ئۇلارغا ئۆزىـ
نىڭ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا زالىملارنى پادىشا قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ـــ
دىيىشىدۇ. كىتاپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ھۇججاج
زالىم بىر كۈنىسى بىر جايدىن بىر دانە لەۋھە تاپقان. ئۇنىڭغا:
«ئەي پادىشا! سەن پۇقراپەرۋەر بولغىن. خۇدانىڭ بەندىلىرىگە
زۇلۇم قىلما! كۆيۈن! ...» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ھۇججاج زالىم بۇ خەتنى كۆرۈپ دەرھال پۇقرالىرىنى يىـ
غىپتۇ. ئۆزى مۇنبەرگە چىقىپ ئۇلارغا: «ئەي چوڭ ـ كىچىك
جامائەت! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پىتنە ـ پاسات كۆپ؛ زورلۇق ـ
زومبۇلۇق، ئوغرىلىق كۆپ. خۇدايىتائالا مېنى مۇشۇ ئىشلارنى
بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن سىلەرگە ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتـ
كەن ... » دىگەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھىكايىـ
سىنى توختاتتى.



تۆت يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىلىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

— «خۇدايتائالا مېنى مۇشۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن سىلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ ئەۋەتكەن ... مېنىڭ زالىملىقىم سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلاردىندۇر. ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، ئۇ چاغدا ھەقتائالا سىلەرگە مەندىن ياخشىراق، ئادىلراق كىشىنى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتەتتى. سىلەر پىتنە - پاسات، زورلۇق - زومبۇلۇق، ئوغرىلىقتىن قولۇڭلارنى يىغمىساڭلار، مەنمۇ زۇلۇمدىن ھەرگىز قولۇمنى تارتمايمەن.» دېگەن ئىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا: «پادىشالارنى ئادالەت ئورناتقۇچى» دېگەن سۆزمۇ بار. ھوما، سىزنىڭ سۆزىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.» دەپتۇ.

ئۇ ھوماي: «بالام! سېنىڭ ئۇ ئاڭلىغانلىرىڭ توغرا ئەمەس. ئادەم خۇدادىن ئۆزىنىڭ تېنىگە ساقلىق، ئۆزىگە بەخت - تەلەي، ئامەت تىلەيدۇ. قېيىنچىلىقى بارلار خۇدادىن قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى سورايدۇ، پادىشالارنى سورىمايدۇ. چۈنكى ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر كۆرۈشىنى، دەۋر سۈرۈشىنى ئىزلەيدۇ. بالام «ئادالەت» دېگەن بۇ سۆز بولغىنى بىلەن بۇنداق ئىش ئۆزى يوق. بۇ سۆزنىمۇ پادىشا تاپقان. پادىشالارنىڭ ئادالەتسىزلىكى، زۇلمى كىشىلەرنىڭ جېنىغا پاتقىنى ئۈچۈن بۇ سۆز كېلىپ چىققان. ئەمگەك قىلغان كىشىدىن ھېچقاچان ئادالەتسىزلىك چىقمايدۇ. ئۆزەڭمۇ ھىلى خوجىدىن قۇل كۆپ دىدىڭ. ئەگەر ئادەملەر ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى بىمالال ئۆزى يېيەلىسە، ھاجىتىگىمۇ ئىشلىتەلىسە، ئۇ چاغدا قۇلمۇ، خوجىمۇ بولمايدۇ. ئەمگەكنى كىم قىلىدۇ؟! ... قۇلمۇ؟! خوجىمۇ؟! ...» دەپ سوراپتۇ.

«ۋاي ئانا! سىز قىزىق ئىكەنسىز. ئەمگەكنى قۇل ئىشلى-

مەي، قۇلدار خوجا ئىشلەمدۇ؟! ...» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھاجى.

«ئالتۇن جابدۇقلۇق سارايدا تۇرىدىغانلار كىم؟! ...» دەپ سوراپتۇ موماي. «خوجا» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھاجى. «ھە، دېمەك، بۇنداق ئېسىل سارايدا ئەمگەك قىلمايدىغانلار تۇرىدىكەن، شۇنداقمۇ؟! ...» دەپتۇ موماي. «شۇنداق...» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھاجى. «ئۇنداقتا، خۇدا ئەۋەتكەن پادىشالار قۇلدىمۇ ياكى خوجىدىمۇ؟!» دەپ سوراپتۇ موماي. «ئۇلار خوجىلاردىن» دەپتۇ ھاجى. «ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى نەدىن كېلىدۇ؟!» دەپ سوراپتۇ موماي. «بۇ نەرسىلەرنى قۇللار ئىشلەيدۇ.» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھاجى.

«شۇ ئېغىر ئەمگەكنى قىلىدىغان بىچارە قۇللار ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى بالا تېرىپ، پادىشانى خۇدادىن سورىمايدۇ. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ئۇلار ھېچۋاقىتتا پادىشانى خۇدادىن سورىمايدۇ. خۇدادىن ئۇلارنىڭ يوقىلىشىنى تىلەيدۇ. پادىشانى تىلەيدىغانلار قۇلدارلار؛ پادىشانى خۇدا ئەۋەتكەن دىگەن سۆز يالغان. سەن بۇنداق يوقىلاڭ سۆزلەرنى قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتما! بۇ يەردە تۇرغۇڭ كەلمىسە بەيتۇللاغا قاراپ ماڭ. يولۇڭ بولسۇن.» دەپتۇ موماي سۆزىنى تۈگىتىپ.

# ئوبۇلھەسەننىڭ كېشىزىگى

باغدات شەھىرىدە بىر باي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بايلىقىغا يارىشا بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. ياش ۋاقىتلىرىدا، ئۇ بۇ نەرسىنى ئويلاپمۇ باقماپتۇ. قىرىلىق يېشىغا باشلىغاندا، پەرزەنتسىزلىك ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى داغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنى غەم - قايغۇ بېسىپتۇ. ئۇ ھەمىشە: «مەن ئۆلۈپ كەتسەم بۇ بايلىق، مال - دۇنيا ياتلارنىڭ قولىغا قالىدىغان ئوخشايدۇ.» دەپ قايغۇرىدىكەن. بارا - بارا ئۇ: «مال - دۇنيا كەتسىمۇ مەيلى. نامىممۇ ئۆچۈپ، ئۆزەممۇ بۇ دۇنيادىن نامۇ - نىشانسىز كېتىدىغان بولدۇم.» دەپ يىغلايدىغان بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ خۇداغا سېغىنىپ دۇئالار قىلىپتۇ. كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت بىلەن ئويغاق ئۆتكۈزۈپتۇ. مازارلارنى، ئۇلۇغلارنىڭ قەۋرىلىرىنى يوقلاپتۇ. ئاجىزلارغا نەزىر - نىياز بېرىپتۇ، خەيرى - ساخاۋەت قىلىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، خوتۇنلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن ھامىلدار بوپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بۇ خوتۇننى باشقا خوتۇنلىرىدىن ئايرىپ باشقىچە كۈتۈپتۇ. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ، ئۇ ئايال چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

شۇ كۈنى، ئۇ باي پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھەممىسىگە خەيرى - ئېھسان قىلىپتۇ؛ تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرە، ئاجىزلارغا تائام ۋە كىيىم - كېچەكلەر بېرىپتۇ. بالا يەتتە كۈنلۈك بولغاندا، ئىمام - مەزىننى قىچقىرىپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، چەپ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئوبۇلھەسەن دەپ ئات

قويۇپتۇ. ئىمام ـ مەزىننى رازى قىلغاندىن كېيىن، ياخشى ئىنىك ئانا تېپىپ، ئوغلىنى ئۇنىڭغا تەربىيىلەشكە بېرىپتۇ. بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، قۇرئان، خۇشخەت، شېئىر، ھىساپ، ھەربى مەشق بىلىمىنى ئۆگەتكۈزۈپتۇ. ئۇ بالا بۇ بىلىملەرنى ئىگەللەشتە ئۆزىنىڭ قۇرداشلىرىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بالىمۇ ئۆزى چىرايلىق، سۆزى تاتلىق، خۇيى مۇلايىم بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بۇ ھەقتە شائىرلاردىن بىرى مانا مۇنداق دىگەن ئىكەن:

بۇ يىگىتنىڭ يۈزى قەمەر، سۆزى شېكەر،
ھۆرمۇ ئەمەس، پەرى ئەمەس، ئۆزى بەشەر.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئوبۇلھەسەن ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئاتىسى ئۇنىڭغا: «ئەي ئوغلۇم! مەن قېرىپ قالدىم. ئەجەل يېقىنلاپ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالدى. مەندە ئەمدى ئاللا تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشتىن باشقا تىلەك يوق. مەن سېنى ئۈچۈن يىققان بۇ مال ـ دۇنيانى ئىسراپ قىلماي، ئۆز يولىدا خىراجەت قىلساڭ. سەندىنمۇ ئېشىپ، نەۋرىلىرىمگىمۇ يېتىدۇ. لېكىن سەن بۇ ھالال مال ـ دۇنيانى ھارام ئىشلارغا سەرپ قىلما! ھاۋايى-ھەۋەس يولىدا چاچما!» دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتىسى قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. قېرىلىق يېتىپ، تېنى ئاجىزلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىلغان دورىلار كار قىلماي جان ئۈزۈپتۇ.

ئوبۇلھەسەن يىغلاپ يۈرۈپ ئاتىسىنى يۇغۇزۇپ كېپەنلەپتۇ. جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تۇپراققا تاپشۇرۇپتۇ. قىرقىنى بېرىپ ماتەمىنى سۇندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا دوست ـ يار ئاغىنىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ: «دۇنياغا سېنىڭدەك ئوغۇلنى قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىنى ئۆلدى

دېگىلى بولمايدۇ. قارىلىق تۇتۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇش خوتۇنلارنىڭ
ئىشى. سەن ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل ئاچمىساڭ بۇ دەرت - ئەلەم،
قايغۇ - ھەسرەت، ماتەم سېنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ.» دەپ
بېشىنى ئاغرىتىپ، ئۇنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھىكا-
يىسىنى توختاتتى.



تۆت يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ
داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.
— ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى، دوست
يارانلىرى: «بۇ دەرت - ئەلەم، قايغۇ -
ھەسرەت ۋە ماتەم سېنى كېسەلگە گىرىپتار
قىلىدۇ.» دەپ بېشىنى ئاغرىتىپ، ئۇنى
ئۆيىدىن تالاغا ئېلىپ چىقىپتۇ.
دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۇنى باغلارغا
ئېلىپ چىقىپ، تاماشا قىلدۇرۇپ سۆھبەتلەر
قىلىشىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە، بەزمە ئولتۇرۇشلارغا ئارىلاشتۇرۇپتۇ.
بۇ ئولتۇرۇش ۋە بەزمىلەر ئاخىرى ئەيش - ئىشرەت،
كەيپى - ساپالارغا ئايلىنىپتۇ.

ئوبۇلھەسەن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ، كۆڭۈل ئېچىش-
قا قىزىقىپ، كىرىشىپ كېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ ئورۇنسىز
ئىشلارغا ناھايىتى كۆپ پۇل سەرپ قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ئاتىسىدىن
قالغان بايلىقنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ، بۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ بايلىقى تۈگەپتۇ؛ خەزىنىسى
قۇرۇقدىلىپتۇ؛ ھال - ئوقىتى، تۇرمۇش - مەئىشىتى خاراپلىشىپتۇ.
ئۇنىڭ قولىدا ئۆي خىزمىتى ۋە قول ئىشىنى قىلىدىغان بىرلا
كېنىزەكى قاپتۇ. ئۇ كېنىزەك ھۆسنى - جامالدا تەڭدىشى يوق

ئىكەن، قەددى قامىتى سەرۋى دە كامالەتكە يەتسە تويمىدىكەن؛ ئەدەپ - ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن ئىكەن. بۇنىڭ ھەر جەھەت-تىكى ئارتۇقلۇقلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل، يېزىشقا قەلەم ئاجىز-لىق قىلىدىكەن. بۇ ھەققىدە شائىر مانابۇنداق بېيت ئوقۇغان ئىكەن:

تەئرىپىڭنى يازاي دەپ قولۇمغا ئالسام قەلەم،
چۈشتى قەلەم قولۇمدىن ھەيرانلىقتا ئەي سەنەم.

ئۇ كېنىزەك چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، شىرىن سۆز، خۇش مۇئامىلە، ھەممە تىلنىڭ ئالىمى ۋە دانا ئىكەن. ئۇ، خوجىسى ئوبۇلھەسەننى بىچارە ھەم پېقىر ھالدا كۆرۈپ يىغلاپتۇ. ئىككىسى ئۈچ كۈنگىچە تۈز تەمىنى تېتىماپتۇ. بۇ كۈنلەردە ھېچكىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، بېشىنى سىلىماپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى كېنىزەك خوجىسىغا: «ئەي خوجا! سەن مېنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن؛ ئەگەر ئۇ مېنىڭ باھايىمنى سورىسا، ئون مىڭ تىللا دېگىن. ئەگەردە ئۇ كېنىزىگىنىڭ باھاسى بەك قىممەت دېسە.....

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


تۆت يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ! — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەگەردە بۇ كېنىزىگىنىڭ باھاسى بەك قىممەت ئىكەن دېسە، سەن: ئەي ئەمىرىلمۆئمىنىن خەلىپە! مېنىڭ بۇ كېنىزىگىمنىڭ ھەقىقى باھاسى بۇنىڭدىنمۇ قىممەت ئىدى. بۇ كېنىزەك ھەر قانداق بى-

لىم ۋە ھەر بىر پەنـــــىنى يېتىشكەن ئالىم. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز بۇنى ئىمتىھان قىلىپ سىناپ كۆرۈڭ! شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەقىقىي باھاسىنى بىلىسىز. مەن ھازىر پۇلغا ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلەرگە ئىنتايىن مۇھتاج بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۇنى سېتىپ ئۇنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، پەقەت ئون مىڭ تىللا، دىدىم. ئۇنىڭدىن بىر تىيىن كەم بولسىمۇ ساتمايمەن، دىگىن! دەپتۇ.

ئوبۇلھەسەن ئويلىنىپ كۆرۈپ: «ماقۇل!» دەپتۇ. كېنىزىكىنى ئېلىپ خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. كېنىزىكنى تونۇمىغان بولسا ئوبۇلھەسەننى خەلىپە ھارۇن رەشىدكە شۇنى دەپتۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىد ئوبۇلھەسەننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن: «ئەي كېنىزەك، سېنىڭ ئىسمىڭ نىمە؟!» دەپ سوراپتۇ.

كېنىزەك: «ئىسمىم تۇددۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىد: «ئەي تۇددۇ! خوجاڭ سېنى ئىلىم-پەننىڭ ھەممە تۈرىدە يېتىشكەن ئالىم دەيدۇ. مەن سەندىن سوراپ كۆرەي، سەن ئىلىم - پەننىڭ قايسى تۈرىنى ئۆزەڭگە ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە قايسى بىرلىرىدىن خەۋىرىڭ بار؟! ...» دەپ سوراپتۇ.

كېنىزەك: «ئەي ئەمىرلمۆئمىنىن خەلىپە! تىل - ئەدەبىيات، تارىخ ۋە تەجۋىد، تەپسىر، ئىلمىي مۇسىقە (مۇزىكا ئىلمى)، ئىلمىي نۇجۇم، قىسمەت ۋە باشقا بىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە كامىل. قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ياد ئېلىپ ئوقۇغان. سۈرىلەرنىڭ سانى، ئايەتلەرنىڭ سۆزلىرىنى، قايسى ئايەتلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ياكى ئۆتمىگەنلىرىنى بىلىمەن. ھەدىس شەرىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش جەريانلىرىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com